# كىمكى بامدات نامىزىنى ئادا قىلسا ئاللاھنىڭ كېپىللىكىدە بولىدۇ

جۇندۇب بىن ئابدۇللاھ قەسرىي رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بامدات نامىزىنى ئادا قىلسا ئاللاھنىڭ كېپىللىكىدە بولىدۇ، ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئۆزىنىڭ كېپىللىكىدىكى نەرسىنى تەلەپ قىلمايدۇ، كىمكى ئاللاھنىڭ كېپىللىكىدىكى نەرسىنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇنى تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىچە جەھەننەمگە سۆرەپ تاشلىنىدۇ».

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام بامدات نامىزىنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ مۇهاپىزەت قىلىشى، قوغدىشى ۋە هىمايە قىلىشىدا بولىدىغانلىقى، ئۇ كىشىنى مۇداپىئە قىلىدىغانلىقى ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام كىمكى بامدات نامازىنى ئادا قىلماسلىق ياكى ناماز ئادا قىلغۇچىغا هەددىدىن ئېشىش ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن بۇ ۋەدىنى بۇزسا ياكى بىكار قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، خوشىنىدارچىلىقنى ئاياغ-ئاستى قىلغان بولىدى، چەكتىن ئېشىپ ئاللاھنىڭ هەققىدىكى بىر نەرسىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئازابقا هەقلىق بولىدى، كىمكى ئۇنى تەلەپ قىلىدىكەن تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىچە جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5435